# شىنجاڭ گېزىتى

2020-يىل 6-ئاي
7
يەكشەنبە
维吾尔文 6 月7日

新疆日报网: www.xjdaily.com شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى
مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65—0002/—W

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1—57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 25085-سان بۈگۈن 4 بەت


# ئىنسانىيەت سەھىيە-ساغلاملىق ئورتاق گەۋدىسىنى بىرلىكتە بەرپا قىلايلى

## —— باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇتەخەسسىس، ئالىملار سۆھبەت يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدا

☐ خەلق گېزىتى ئوبزورچىسى

ئىنسانلار مەنپەئەتداش ۋە تەقدىرداش ئورتاق گەۋدىسى، ئىتتىپاقلىشىش، ھەمكارلىشىش يۇقۇم ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشتىكى ئەڭ كۈچلۈك قورال. بۇ، خەلقئارا جەمئىيەت ئېيدىز، ئېبولا، قۇش زۇكىمى، A تىپلىق H1N1 تارقىلىشچان زۇكام قاتارلىق ئېغىر، زور يۇقۇملارغا تاقابىل تۇرۇش داۋامىدا قولغا كەلتۈرگەن مۇھىم تەجرىبە، شۇنداقلا ھەرقايسى دۆلەت خەلقى كۈچنى بىرىكتۈرۈپ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشتا شەكىللەندۈرگەن كەڭ ئورتاق تونۇش.

باش شۇجى شى جىنپىڭ 6-ئاينىڭ 2-كۈنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئاچقان مۇتەخەسسىس، ئالىملار سۆھبەت يىغىنىدا مۇنداق كۆرسەتتى: بۇ قېتىمقى يۇقۇم يۈز بەرگەندىن بۇيان، بىز ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى ئىدىيەسىگە ئەمەل قىلىپ، خەلقئارا بۇرچىمىزنى پائال ئادا قىلىپ، دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتى ۋە مۇناسىۋەتلىك دۆلەتلەر بىلەن بولغان دوستانە ھەمكارلىقنى قويۇقلاشتۇرۇپ،

(ئاخىرى 2-بەتتە)

شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە
—— يېڭى دەۋر، يېڭى نەتىجە، يېڭى سەھىپە

ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىقتىكى تۆرلۈك خىزمەتلەرنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى تۇتايلى

# يازلىق پەرۋىش، يازلىق يىغىم قاتارلىق دېھقانچىلىق ئىشلىرى ئالدىراش بولدى «ئاشلىق» كاپالىتى تېخىمۇ يېتەرلىك بولدى

☐ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز رايىدە، گې يوۋجۈن، سۇڭ ۋېيگو

6-ئاينىڭ 5-كۈنى، 24 مەۋسۇم ئىچىدىكى «ئورما ۋاقتى». ئورما ۋاقتىنىڭ يېتىپ كېلىشى ھەرقايسى جايلارنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ ئومۇميۈزلۈك يازلىق يىغىم، يازلىق تېرىم، يازلىق پەرۋىشتىن ئىبارەت «يازنىڭ ئۈچ ئىشى» بىلەن ئالدىراش بولۇش يۇقىرى دولقۇنىغا كىرگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ.

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرى يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى كەلتۈرۈپ چىقارغان پايدىسىز تەسىرنى تىرىشىپ يېڭىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش-تىزگىنلەش ۋە ئەتىياز پەسىللىك يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىدىن ئىبارەت ئىككىگە دەخلى يەتكۈزمەسلىك، قوش غەلىبە قىلىش خىزمەت تەلىپىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشنى مۇقىملاشتۇرۇشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ئېتىز پەرۋىشى، يېزا ئىگىلىك تېخنىكا مۇلازىمىتىنى ياخشى تۇتۇپ، كېسەل ۋە ھاشارات زىيىنى، قۇرغاقچىلىق، ھۆلچىلىك ئاپىتىنىڭ ئالدىنى ئېلىش-تىزگىنلەشنى ياخشى ئىشلەپ، ئاشلىق بىلەن تەمىنلەشنىڭ يېتەرلىك، باھاسىنىڭ مۇقىم بولۇشىغا ھەققىي كاپالەتلىك قىلدى.

### كۆلەمنى مۇقىملاشتۇرۇش تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىش يېشىل بولۇشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش

6-ئاينىڭ 5-كۈنى، مەملىكەت بويىچە ئەلا سۈپەتلىك بۇغداي ئىشلەپچىقىرىش بازىسى بولغان گۇچۇڭ ناھىيەسى شىبېيۈەن بازىرى لىۋشۇخېزا كەنتىدىكى يېشىل بۇغداي ئىشلەپچىقىرىش بازىسىدىكى 10 مىڭ مو بۇغدايلىقتا ياپيېشىل دولقۇن مەۋج ئۇرۇپ تۇراتتى. كۆز ئالدىدىكى خۇشاللىنارلىق مەنزىرىگە قاراپ، كەنت ئاھالىسى جۇ جيا خۇشال كۈلدى.

ئورما پەسلىدە، گۇچۇڭ ناھىيەسىدىكى 1 مىليون مودىن ئارتۇق بۇغداي دان تۇتۇش مەزگىلىگە كىردى. پۈتۈن ناھىيەدىكى قۇدۇق سۈيى بىلەن سۇغىرىلىدىغان رايونلاردىكى بۇغدايلار ئومۇميۈزلۈك ئالتىنچى قېتىم سۇغىرىلدى، بۇغدايىنىڭ ئۆسۈش ئەھۋالى ياخشى بولۇپ، مول ھوسۇل ئېلىشتىن ئۈمىد بار ئىدى.

گۇچۇڭ ناھىيەسىدە بۇغدايىنىڭ يىللىق ھوسۇلى ئوتتۇرا ھېساب يىلىغا 400 مىليون كىلوگرامدىن ئېشىپ، 2019-يىلى ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن پۈتۈن شىنجاڭدىكى بىردىنبىر بۇغداي تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتى پۈتۈن ناھىيە بويىچە ئالغا سىلجىتىلغان ناھىيە قىلىپ بېكىتىلدى. بۇ يىل، گۇچۇڭ ناھىيەسى ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا مۇقىملاشتۇرۇپ، بۇغداي تېرىلغۇ كۆلىمىنى 1 مىليون 60 مىڭ موغا يەتكۈزدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئەلا سۈپەتلىك ئېلاستىكلىقى كۈچلۈك بۇغداي 780 مىڭ موغا يېتىپ، ناھىيە بويىچە بۇغداي ئومۇمىي كۆلىمىنىڭ 74%نى ئىگىلىدى.

دېھقان-چارۋىچىلارغا خىمىيەۋى ئوغۇت، دېھقانچىلىق دورىسىدىن ئىبارەت «ئىككىنى ئازايتىش»، كىرىمنى ئاشۇرۇش تېخنىكىسىنى تېزدىن ئىگىلىتىش ئۈچۈن،

(ئاخىرى 3-بەتتە)

## بۇ يىل ئاپتونوم رايونىمىز

# 2 مىليارد 349 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ 5G تورى قۇرۇشنى پىلانلىدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز لى ياڭنىڭ 6-ئاينىڭ 6-كۈنى ئېچىلغان ئاپتونوم رايوننىڭ 5G تورى قۇرۇلۇشىنى تېز ئالغا سىلجىتىش سىنلىق ئۇچۇرلاشتۇرۇش يىغىنىدىن ئۇقۇشىچە، بۇ يىل، ئاپتونوم رايونىمىز 2 مىليارد 349 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ 5G تورى قۇرۇشنى پىلانلىغان، 5G ئاساسىي پونكىتىدىن 4140نى قۇرۇشنى پىلانلىغان، بۇنىڭ ئىچىدە ئۈرۈمچى شەھىرى 1773نى قۇرۇشنى پىلانلىغان.

ئىگىلىنىشىچە، نۆۋەتتە ھەرقايسى ئورۇنلار، ھەرقايسى تارماقلار ئالاقىدار سىياسەتلەرنى تۈزۈش ۋە جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە تېز تۈرتكە بولۇۋېتىپتۇ. «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ 5G تورى قۇرۇلۇشى تەرەققىيات بەلگىلىمىسى» ئاپتونوم رايوننىڭ يىللىق نىزام چىقىرىش پىلانىغا كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈش تېز ئالغا سىلجىتىلىۋېتىپتۇ. ئاپتونوم رايونلۇق تۇرالغۇ ۋە شەھەر-يېزا قۇرۇلۇشى نازارىتى ئۇچۇر-ئالاقە ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشىنى ئامموۋى ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشىنىڭ مەزمۇنى قىلىپ، ئاپتونوم رايونلۇق خەۋەرلىشىشنى باشقۇرۇش ئىدارىسى بىلەن بىرلىشىپ «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئىمارەت خەۋەرلىشىش ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشى ئۆلچىمى»نى ئورتاق ئېلان قىلغان بولۇپ، خەۋەرلىشىش ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشى ئىمارەت لايىھەلەش، قۇرۇلۇش قىلىش ۋە تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشنىڭ ھەرقايسى ھالقىلىرىغا كىرگۈزۈلگەن؛ شەھەر-بازارلاردىكى كونا ئولتۇراق رايونلارنى ئۆزگەرتىش جەريانىدا مەخسۇس خەۋەرلىشىش ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشى مەزمۇنى كۆپەيتىلگەن. بۇنىڭدىن باشقا، ئاپتونوم رايونىمىز يەنە ئاساسىي پونكىتلارنىڭ توك ئىشلىتىش تەننەرخىنى تۆۋەنلىتىش تەلىپى بويىچە، توك باھاسىدا قوللاش سىياسىتىنى يولغا قويۇپ، توك ئىشلىتىشكە كاپالەتلىك قىلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەيدىكەن.

(ئاخىرى 3-بەتتە)



گىلاس قىزاردى، تەبەسسۇم جىلۋىلەندى

6-ئاينىڭ 3-كۈنى، چاپچال شىبە ئاپتونوم ناھىيەلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، رېۋىزىيە كومىتېتىنىڭ قاينۇق يېزىسى شياڭياڭ كەنتىدە تۇرۇشلۇق «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەترەت ئەزالىرى باغۋەنلەر بىلەن بىللە گىلاس ئۈزمەكتە. يېقىندا، بۇ كەنتتە تىكىلگەن 300 مو مالىنا، گىلاس قاتارلىق مېۋىلەر ئارقا-ئارقىدىن پىشىپ بازارغا سېلىندى. ☐ خۇۋا يەنمىڭ فوتوسى

## ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى ھەرقايسى چوڭ قۇرۇلۇش ئورۇنلىرىدا

# قاينام-تاشقىنلىق ئىچىدە قۇرۇلۇش قىلىنماقتا

☐ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز جاۋ چۈنخۇا، جاۋ يۆ، ۋېي خۇڭپىڭ

قېزىش ماشىنىسىنىڭ گۈركىرىگەن ئاۋازى بىر كۆتۈرۈلۈپ، بىر پەسىيىپ تۇراتتى، ئىشچىلار ئۆز مەشغۇلات دائىرىسىدە جاسارەت بىلەن جەڭ قىلىۋاتاتتى، چوڭ تىپتىكى توشۇش ئاپتوموبىللىرى ئۆتۈشۈپ تۇراتتى... 6-ئاي كىرگەندىن بۇيان، ئۈرۈمچى شەھىرى بىر قولدا دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش-تىزگىنلەشنى تۇتۇش، بىر قولدا ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى تۇتۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ئاپتونوم رايون، شەھەرنىڭ نۇقتىلىق تۈر قۇرۇلۇشلىرىنى كۈچلۈك ئالغا سىلجىتتى، چوڭ-كىچىك قۇرۇلۇش ئورۇنلىرىنىڭ ھەممىسىدە قاينام-تاشقىنلىققا چۆمگەن ئالدىراش مەنزىرە بارلىققا كەلدى.

6-ئاينىڭ 2-كۈنى، پېژغىرىم ئىسسىقتا، ئۈرۈمچى خەلقئارا ئايروپورتىنى ئۆزگەرتىش، كېڭەيتىش قۇرۇلۇشى نەق مەيدانىدا، ئېگىزلىكى 40-50 مېتىر كېلىدىغان سېرىق رەڭلىك مۇنارسىمان كىران ئالدىن ياسالغان دېتاللار ۋە پولات چىۋىقلارنى يۆتكەۋاتاتتى. يېشىل رەڭلىك ئىش كىيىمى كىيگەن قۇرۇلۇشچىلار سۆزلىشىش ئاپپاراتىنى كۆتۈرۈۋېلىپ، تەرتىپلىك، رەتلىك ھالدا ياندىكى كۆرەكلىك ماشىنا، قاچىلاش ماشىنىسىغا قوماندانلىق قىلىۋاتاتتى.

«قۇرۇلۇش جەنۇبتىن شىمالغا قاراپ ئالغا سىلجىتىلدى، ئاساسىي ئاۋىياتسىيە بىناسى ئايروپورتتىكى T1، T2، T3 ئاۋىياتسىيە بىناسىنىڭ شىمال تەرىپىگە جايلاشقان بولۇپ، ئايروپورتنى ئۆزگەرتىش، كېڭەيتىش قۇرۇلۇشىنىڭ ‹يۈرەك› قىسمى،

(ئاخىرى 2-بەتتە)

## قەرز پۇل قالدۇق سوممىسىنىڭ ئېشىشى 10%تىن يۇقىرى بولدى قەرز ئالغانلارنىڭ سانى كۆپىيىپ 70 مىڭدىن ئاشتى

# شىنجاڭدىكى بانكا، سۇغۇرتا كەسپى كۈچنى بىرىكتۈرۈپ كىچىك، ئۇششاق كارخانىلارنىڭ مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز ۋاڭ يۇڭفېينىڭ شىنجاڭ بانكا، سۇغۇرتا ئىشلىرىنى نازارەت قىلىش-باشقۇرۇش ئىدارىسىدىن ئىگىلىشىچە، بۇ يىل كىرگەندىن بۇيان، شىنجاڭدىكى بانكا كەسپى، سۇغۇرتا كەسپى كۆپ خىل تەدبىر قوللىنىپ، كىچىك، ئۇششاق كارخانىلارنىڭ قەرز پۇل ئېلىشى ئاسان بولۇش دەرىجىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، كىچىك، ئۇششاق كارخانىلارنىڭ مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش تەننەرخىنى تۆۋەنلىتىپ، كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، ئۈنۈمنى ئاشۇرۇشنى پۈتۈن كۈچ بىلەن قوللىغان.

شىنجاڭ بانكا، سۇغۇرتا ئىشلىرىنى نازارەت قىلىش-باشقۇرۇش ئىدارىسى بانكا كەسپى پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنىڭ تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۇدۇللىشىشىغا يېتەكچىلىك قىلىپ، نۇقتىلىق ساھە، نۇقتىلىق كەسپلەرنىڭ كرېدىت تەمىناتىنى كۈچەيتتى. 4-ئاينىڭ ئاخىرىغىچە، تەۋەلىكتىكى ئومۇمىي مەنپەئەتدارلىق تىپىدىكى كىچىك،

(ئاخىرى 3-بەتتە)

## تۇنجى تاموژنا-تۆمۈريول يېڭى سىستېمىسى كەسپى قورغاستا سانلىق مەلۇماتتىن ئورتاق بەھرىلىنىشنى ئىشقا ئاشۇردى

# شىنجاڭ پورتلىرىدا تاموژنىدىن ئۆتۈش تېخىمۇ قولايلاشتى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز چېن چياڭۋېينىڭ ئۈرۈمچى تاموژنىسىدىن ئىگىلىشىچە، 6-ئاينىڭ 4-كۈنى، شىنجاڭ پورتلىرىنىڭ تۇنجى تاموژنا-تۆمۈريول يېڭى سىستېمىسىنىڭ ئېكسپورت كەسپى قورغاس تۆمۈريول پورتىدا مۇۋەپپەقىيەتلىك سىناق قىلىنغان ھەم يۈك توشۇلۇپ، چېگرادىن چىققان. بۇ، تاموژنا بىلەن تۆمۈريول تارماقلىرىنىڭ سانلىق مەلۇمات يولىنىڭ تۇتاشتۇرۇلۇپ، ئىككى تەرەپ سانلىق مەلۇماتلىرىنىڭ ئۆز ئارا ئېتىراپ قىلىنىپ، پورتتا تاموژنىدىن ئۆتۈشنى قولايلاشتۇرۇش دەرىجىسىنىڭ يەنىمۇ ئۆستۈرۈلگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ.

تاموژنا-تۆمۈريول يېڭى سىستېمىسى تاموژنىنىڭ ئامبار تالونى، توشۇش قورالى تۆمۈريول تارماق سىستېمىسى ۋە تۆمۈريول رەقەملىك پورت قوللىنىش سىستېمىسىنى كۆرسىتىدىغان بولۇپ، تاموژنا باش مەھكىمىسى بىلەن جۇڭگو دۆلەت تۆمۈريول گۇرۇھى چەكلىك شىركىتىنىڭ تاموژنىدىن ئۆتۈشنى قولايلاشتۇرۇشقا تۈرتكە بولۇش ئۈچۈن قوللانغان مۇھىم، زور تەدبىرى. بۇ سىستېما بۇ يىل 7-ئاينىڭ 1-كۈنى مەملىكەت بويىچە تۆمۈريول پورتلىرىدا رەسمىي تورغا چىقىرىلىدۇ.

(ئاخىرى 3-بەتتە)

## ئاپتونوم رايونلۇق ياشلار خىزمىتى بىرلەشمە يىغىنى ئومۇمىي يىغىن ئاچتى

# ياشلار خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، پارتىيەنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشتىكى ياشلار ئاممىسى ئاساسىنى مۇستەھكەملەش، كېڭەيتىش كېرەك

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز لى ياك خەۋەر قىلىدۇ: 6-ئاينىڭ 3-كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايونلۇق ياشلار خىزمىتى بىرلەشمە يىغىنىنىڭ 2-قېتىملىق ئومۇمىي يىغىنى ئېچىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايونلۇق ياشلار خىزمىتى بىرلەشمە يىغىنىنىڭ چاقىرغۇچىسى لى پېڭشىن يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى ھەم سۆز قىلىپ مۇنداق تەكىتلىدى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ ياشلار خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ،

(ئاخىرى 2-بەتتە)

# ئوقۇش پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلارنى «يېپى ئۈزۈلمەيدىغان لەگلەك»كە ئايلاندۇرايلى

سۆز ھەممىگە

☐ شۇ چىڭگۇاڭ

يېقىندا، شىنجاڭ ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلارنىڭ ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلارنى توردا تەكلىپ قىلىش 100 كۈنلۈك پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى، مەقسەت كۆپ تارماقلار ئارىسىدا ھەمتۈرتكىلىك كۈچەش ئارقىلىق، تەمىنلەش-ئېھتىياج سۇپىسى قۇرۇپ، تەكلىپ قىلىش شەكلىنى بېيىتىپ، مۇلازىمەت سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ مۇۋاپىق خىزمەت تېپىشىغا كۈچ قوشۇشتىن ئىبارەت.

ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلار دۆلەتنىڭ يارامىلىق كىشىلىرى، ئائىلىنىڭ ئۈمىدى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش-ئورۇنلىشالماسلىقى كىچىك جەھەتتىن ئېيتقاندا ئائىلىنىڭ بەختى،

(ئاخىرى 3-بەتتە)

كىرىزىس ئىچىدە يېڭى پۇرسەت يېتىلدۈرۈش ئۆزگىرىش ئىچىدە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش

# «قويۇپ بېرىش، باشقۇرۇش، مۇلازىمەت قىلىش» ئىسلاھاتى تېخىمۇ ئادىل، قولاي تىجارەت-سودا مۇھىتى بەرپا قىلدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز رېن خۇا خەۋەر قىلىدۇ: دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش-تىزگىنلەش خىزمىتىنى ياخشى تۇتۇش ئالدىنقى شەرتىدە، ئاپتونوم رايونىمىز مەملىكەتلىك ئىككى يىغىننىڭ روھىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، «قويۇپ بېرىش، باشقۇرۇش، مۇلازىمەت قىلىش» ئىسلاھاتىنى سىجىل چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، بىر قاتار تەدبىرلەر ئارقىلىق، بازار سۇبيېكتىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئۇرغۇتۇپ، ئومۇميۈزلۈك ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، بازارنى، كەسپنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى ئىلگىرى سۈردى.

«‹ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلات›تا ئادىل نازارەت قىلىش-باشقۇرۇش ئارقىلىق ئادىل رىقابەتنى قوغداپ، بازارلاشقان، قانۇنچىللاشقان، خەلقئارالاشقان تىجارەت-سودا مۇھىتىنى سىجىل يارىتىش كېرەك، دەپ كۆرسىتىلدى. نۆۋەتتە، ئاپتونوم رايون ‹ئىككىنى ئىختىيارىي تاللاش، بىرنى ئاشكارىلاش› نازارەت قىلىش-باشقۇرۇش مېخانىزمىنى ئومۇميۈزلۈك قوزغاتتى، بۇ يىلنىڭ ئاخىرىدا تولۇق قاپلاشنى ئىشقا ئاشۇرىدۇ. بىز ئادىل رىقابەتنى تەكشۈرۈش تۈزۈمىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈش،

(ئاخىرى 3-بەتتە)